# سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! ئۆيىڭىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، ئۇلارغا دىنى ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا، بىرىڭلار ئەزان توۋلاڭلار، ياش قورامى چوڭراقى سىلەرگە ئىمام بولسۇن

ئەبۇ سۇلەيمان مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ياش-قورام جەھەتتە تەڭداش بولغان بىر نەچچىمىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يىگىرمە كۈن تۇردۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىدى، ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدىكى كىشىلەر ھەققىدە سورىدى، بىز ئەمەلى ئەھۋاللارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەردۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە: «سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، ئۇلارغا دىنى ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا، بىرىڭلار ئەزان توۋلاڭلار، ياش قورامى چوڭراقى سىلەرگە ئىمام بولسۇن»دېدى. بۇخارى رىۋايىتىدە: «خۇددى مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگىنىڭلاردەك ناماز ئوقۇڭلار»، دېگەن ئىبارەت زىيادە كەلگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ياش-قورام جەھەتتە تەڭداش بولغان بىر قانچىمىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدۇق، بۇ ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدىكى ئەلچىلەر يىلىدا بولغان، بۇ ياشلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا يىگىرمە كۈن تۇرغان، ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن، مالىك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىدى، ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، بىز ئەمەلى ئەھۋاللارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەردۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۆيىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! ئۆيىڭدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، ئۇلارغا دىنى ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا، بىرىڭلار ئەزان توۋلاڭلار، ياش قورامى چوڭراقى سىلەرگە ئىمام بولسۇن» ئىمام بۇخارى:«مېنىڭ ناماز ئوقۇغۇنىمنى كۆرگەندەك ناماز ئوقۇڭلار» دېگەننى زىيادە قىلغان، مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى بەك مېھرىبان، كۆيۈمچان، كىشىلەرگە ھەممىدىن بەك كۆيۈنىدىغان شەپقەتلىك زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى ۋە:«سىلەردىن ياشقا چوڭراقى ئىمام بولسۇن» دېدى، بۇ ئىمامىلىقتا ياشقا چوڭ كىشىلەرنى ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ سۆز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «جامائەتكە ئاللاھنىڭ كىتابىنى كۆپ بىلىدىغان كىشى ئىمام بولسۇن» دېگەن سۆزىگە زىت ئەمەس، چۈنكى ئاشۇ ياشلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئەلچى بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش پەرقىمۇ ئاساسەن يوق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ئوقۇشتا بىر-بىرىدىن قىلىشمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ياشقا چوڭراقى سىلەرگە ئىمام بولسۇن» دېدى، چۈنكى ئۇلار قۇرئان ئوقۇشتىمۇ بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى، قۇرئان ئوقۇش، سۈننەتنى بىلىش، ھىجرەت قىلىش قاتارلىق ئەمەللەردە باراۋەر بولسا ئىمامىلىقتا ئۇلارنىڭ ياش جەھەتتە چوڭراقى ئۆتىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگەندەك ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن سۆزىدىن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ئەمەلى ۋە ئاغزاكى تەرەپتىن تەڭ تەلىم بېرىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ، ئالدىراپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىگە: «نامازنى مەقسەت قىلساڭ، تەرەتنى كامىل ئالغىن، ئاندىن قىبلىگە يۈزلىنىپ، تەكبىر

ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئان كەرىمدىن ساڭا ئاسان بولغان سۈرىلەرنى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلغىن» دەپ ھەدىسنى ئاخىرىغىچە بايان قىلغان، ئەمما ئاۋۇ ياشلارغا ئەمەلى تەلىم بەرگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3059

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee